# 7426 ـ ئادەت كۆرۈپ قالغاندا خىجىل بولۇپ روزا تۇتۇپ چوڭلار بىلەن بىرگە ئىپتار قىلغانلىق توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ئون ئۈچ ياش ۋاقتىمدىلا ئادەت كۆرۈپ قىلىپ، ھايا قىلىپ چوڭلارغا خەۋەر قىلالماي، شۇ ھالەتتە تۆت كۈن روزا تۇتتۇم، كەچتە ئىپتار قىلدىم، بۇنىڭغا سەككىز يىل بولدى، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە ئىنقلىما بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

سىز سەككىز يىلدىن بىرى بۇ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتماي خاتا قىپسىز، ئادەت كۆرۈپ قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكىچە كېلىدىغان قىز ئەۋلادلىرىنىڭ تەبىئىتىگە پۈتۈۋەتكەن بىر ئىش، دىنى ئىشلاردا ھايا قىلىش كېرەك بولمايدۇ، سىز تېزدىن ئادەت كۆرۈپ قالغان كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە كاپارەت بىرىڭ، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ كاپارىتى، شۇ شەھەردە بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئەتتىگەن ـ كەچتە قورسىقى تويغۇدەك يېمەكلىك بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.